## 32466 ـ زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلىنىپ قالغان كىشى تەۋبە قىلىشنى خالايدۇ.

**سوئال**

سىڭلىمنىڭ يولدىشى زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلىنىپ قالغان، بۇنىڭدىن چەكلىنىشنى ئىرادە قىلسىمۇ خۇمار بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن قول ئۈزەلمەيۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشى، سىڭلىمنىڭ ئۈچ بالىسى بار، قانداق قىلغاندا يولدىشىنى بۇ قىلمىشتىن تەزدۈرەلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھالەتكە بېرىپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

سىڭلىڭىزغا قىلىدىغان نەسىھىتىمىز؛ ئۇ دائىم ئېرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماستىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ  ھەقىقى تەۋبە قىلىشىغا ياردەمچى بولىشى، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئائىلىسىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىنسانى شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئايالىنىڭ ياردىمىگە ناھايىتى بەك ئېھتىياجلىق.

شۇنىڭدەك زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش مەركەزلىرىگە بېرىپ ئۇلاردىن ياردەم سورىشى لازىم. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بەلكى يولدىشىنىڭ بۇ قىلمىشتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىغا پايدىسى بولىدۇ. ھەر دائىم ئىككىلەنمەستىن داۋالاش مەركەزلىرىگە تېلېفۇن قىلىپ مەسلىھەت سوراپ تۇرۇشى لازىم.

سىڭلىڭىز يولدىشىنى، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە قورقۇشقا يېتەكلىشى، ئۆلۈمنى ۋە ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ئەسلىتىشى، زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئىنسانغا ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالى، ئائىلىسىنىڭ كېلىچىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىنتايىن چىرايلىق ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈشى لازىم. شۇنداقلا ئۇنىڭ پات ـ پۇرسەتتە ساقىيىپ كېتىدىغانلىقى ۋە بۇ قىلمىشتىن قول ئۈزەلەيدىغانلىقى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئۈمىدلەندۈرىشى كېرەك.